# شىنجاڭ گېزىتى

2020-يىل 5-ئاي

20

چارشەنبە

维吾尔文 5月20日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25067-سان بۈگۈن 4 بەت


## تۈزۈم ئەۋزەللىكىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ خەۋپ-خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ياز كىردى، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئېتىز-ئېرىق باشلىرىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، زاۋۇت-سېخلاردا ماشىنىلار گۈرۈلدىدى، 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىندا پۈتمەس-تۈگىمەس جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇدى. بۇ ئەھۋال، بۇ مەنزىرە كىشىنى ئىختىيارسىز چەكسىز ھاياجانغا سالىدۇ: قانداق كۈچ جۇڭگو خەلقىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تۇمانلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نورمال تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى؟

«جۇڭگو ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. بۇ سەپەرۋەرلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى جۇڭگونىڭ سىياسىي پارتىيە تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.» خەلقئارادىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ باھاسى بۇنىڭدىكى مۇھىم ئاچقۇچنى كۆرسىتىپ بەردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە ئىشنى،

(ئاخىرى 4-بەتتە)

# شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھېكايىلىرى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

### كىرىش سۆز

نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەر خەلق داھىيسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئىشلىرىغا بولغان ئۈزۈلمەس رىشتىنى باغلىدى.

ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىدىن ھەيۋەتلىك چوڭ دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبىرى بولغۇچە، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ ھەر ۋاقىت نامرات ئاممىنىڭ غېمىنى يەپ، باشتىن-ئاخىر نامراتلارنى يۆلەش بۇرچىنى زىممىسىگە ئالدى.

شىمالىي شەنشىدىكى لياڭجياخې يېزىغا چۈشكەندىلا، ئۇ يۇرتداشلارنى باشلاپ قۇدۇق قېزىپ، قايما توسما، پەلەمپەي ئېتىز، پاتقاق گازى كۆلچىكى ياساپ، «بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە كۆممىقوناق ئۇنى يېيەلەيدىغان بولۇش»تەك ئاددىي نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

خېبېي جېڭدىڭدا ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغاندا، ئۇ ۋېلسىپىتنى يۈدۈپ خۇتوخې دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى 200 نەچچە كەنتنى ئايلىنىپ چىقىپ، يېزىلارنىڭ ئىسلاھ قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى.

فۇجيەن نىڭدېدا ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغاندا، ئۇ ھەممە يېزا-بازارلارنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقىپ، «ئاجىز قۇش ئالدىن ئۇچۇش» يولى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەندى.

ئۆلكىگە بېرىپ خىزمەت قىلغاندا، ئۇ ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىش-يۆلەشنى چىڭ كۆزلەپ، «فۇجيەن-نىڭشيا ھەمكارلىقى»نىڭ نىڭشيا تۇپرىقىدا مول نەتىجە بېرىشىگە تۈرتكە بولدى.

پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ نامراتلارنى ئازايتىش ئىشلىرى تارىخىي يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ئالغا سىلجىتىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك قىلدى ھەم ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەركەزلىك تۇتاش كەتكەن ئالاھىدە نامرات رايونلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، 20 نەچچە نامرات كەنتنى تەكشۈردى، ئۇدا تۆت يىل مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەتىجە-ئۈنۈمىنى باھالاش دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئۇدا ئالتە يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ئۇدا ئالتە يىل پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نامراتلارنى يۆلەش كۈنى مەزگىلىدە مۇھىم پائالىيەتلەرگە قاتناشتى ياكى مۇھىم يوليورۇق بەردى، ئۇدا ئالتە يىل يېڭى يىل تەبرىك سۆزىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تەكىتلىدى، ئۇدا يەتتە يىل مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا ۋەكىللەر، ئەزالار بىلەن بىللە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش زور پىلانىنى ئورتاق كېڭەشتى، يەنە كۆپ قېتىم جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىنى نامراتلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇردى...

دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك: «40 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ جۇڭگودىكى ناھىيە، شەھەر، ئۆلكىلەردە، مەركەزدە خىزمەت قىلدىم، نامراتلارنى يۆلەش باشتىن-ئاخىر خىزمىتىمنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولدى، بۇنىڭغا سەرپ قىلغان زېھنىي كۈچۈم ئەڭ كۆپ بولدى».

(1)

### ھەقىقىي نامراتلارنى كۆرۈش ھېكايىسى — «سىلەر ماڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرسىتىشىڭلار كېرەك، ئۇنداق ھەقىقىي بولمىغان نەرسىلەرنى كۆرمەيمەن»

2020-يىلى ئەتىياز، جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ زەربىسىدە تۇرۇۋاتاتتى.

پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى باشلاپ جاسارەت بىلەن «يۇقۇم»غا قارشى تۇرۇش جېڭى قىلىش بىلەن بىللە، باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن-ئاخىر يەنە بىر چوڭ ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلدى.

3-ئاينىڭ 6-كۈنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ، پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جەھەتتىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ يىغىن. ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ روھىنى ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلارغا توغرا، تېز يەتكۈزۈش ئۈچۈن، سۆھبەت يىغىنى تېلېۋىزىيە-تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى، بارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلارنىڭ ھەممىسى قاتناشتى، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى 22 ئۆلكە ناھىيە دەرىجىگىچە ئاچتى.

سۆھبەت يىغىنى باشلىنىشى بىلەنلا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، يۇقۇم ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەندىن كېيىن ئاندىن يەرلىككە بېرىپ ئېچىشنى ئويلاشقانىدۇق، لېكىن بۇ يىل يەنە ئون ئايغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت قالغانلىقىنى، كۈن بويىچە ھېسابلىغاندا 300 كۈن قالغانلىقىنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان-ۋەزىپىسىنى قەرەلدە ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەسلىدىنلا يېڭىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن قاتتىق قىيىنچىلىق بارلىقىنى، يۇقۇمنىڭ يەنە ئۇنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى، جەزمەن بالدۇرراق قايتا سەپەرۋەر قىلىش، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇق».

ئالدىمىزغا قارىساق، 300 كۈن قاپتۇ! نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىمىز. جۇڭگو خەلقىنىڭ مىڭ يىللىق ئۇلۇغۋار ئارزۇسى بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلگە ئاشىدۇ، بۇ، نېمىدېگەن ھاياجانلىنارلىق ئىش-ھە!

باشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئىشنىڭ مۈشكۈللۈكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بېسىپ ئۆتكەن يولىمىزغا نەزەر سالساق، نەقەدەر جاپالىقلىقىنى ھېس قىلىمىز!

يېقىنقى بىر ئەسىردىكى كۈرەش مۇساپىسىدە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى خەلقنى يېتەكلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا نۇرغۇن مۆجىزە يارىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتەك ئۇلۇغۋار نىشاننى تىكلىدى.

بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تارىختا، خەلققە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى.

پارتىيە 18-قۇرۇلتىيى يېپىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا يېڭىدىن سايلانغان شى جىنپىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە جاراڭلىق ئاۋازدا: «خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز» دېدى.

بۇ كۈرەش نىشانى ئالدىدا، ئۇ مەسئۇلىيەتنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى ——

«ۋاقتى كەلگەندە، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلغانلىقى جاكارلانغاندا، يەنە شۇنچە كۆپ ئامما نامراتلىق سىزىقى ئاستىدا ياشىسا بولمايدۇ».

(ئاخىرى 2-بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

## تيانشاننىڭ جەنۇبى-شىمالىدا «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىپ، يېشىل تەرەققىيات ئالغا سىلجىتىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ دۇڭلەي

5-ئايدىكى شىنجاڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى، بۇ جۇشقۇنلۇق «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ»دىن مەمنۇن بولۇشتا گەۋدىلىنىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى «بايلىق»تىن ئىبارەت بۇ نەتىجىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئادەملەر يېشىل تاغلارغا يۈز كېلەلىسە، يېشىل تاغلارمۇ ئادەملەرنى چوقۇم نائۈمىد قويمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، مۇھىت ئاسراش ئالدىنقى شەرتتە، ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈمنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئۈزلۈكسىز ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا يېشىل تەرەققىياتنىڭ گۈزەل يۆگمە رەسىمىنى سىزىپ چىقتى.

### باغ-ئورمانچىلىق پارلاق نۇر چاچتى

ئۆرۈك چېچەكلىرى باھاردىن خەۋەر بەرگەندىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى 18 مىليون مو ئەتراپىدىكى باغ-ئورمان چېچەكلەش مەزگىلىگە كىردى، باغۋەنلەر، ھەسەل ھەرىسى باققۇچىلار، ساياھەتچىلەرنىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى. بۈگۈنكى كۈندە باغ-ئورمانچىلىق شىنجاڭنىڭ تۈۋرۈك كەسىپلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى، تەۋرىنىپ تۇرغان يېشىللىق شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

بۈلتۈر گۇما ناھىيەسىنىڭ گۇما بازىرى ئوتتۇرا قاش كەنتىدىكى باغۋەن ئوسمان نۇر ئائىلىسى 4.5 مو ياڭاقلىقىدىن مول ھوسۇل ئالدى. «كەنتتىكى تېخنىكلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئائىلىمىزنىڭ ياڭاق سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ياڭاقنىڭ دانىسى يوغان، باھاسىمۇ ياخشى بولدى» دېدى ئوسمان. ئوسماننىڭ ياڭاقلىقى خوتەن ۋىلايىتىدىكى 3 مىليون مودىن ئارتۇق باغ-ئورمانچىلىق كەسپىدىكى ئىنتايىن كىچىك كۆلەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باغ-ئورمانچىلىقىنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپ، ئۈنۈمى ئاشۇرۇلۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دەل مۇشۇ بىپايان يېشىل دېڭىز تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئۈزلۈكسىز جەنۇبقا سۈرۈلۈشىنى توسۇپ قالدى.

بارغانسېرى كۆپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى يېشىل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مۇھىت ئاسراشتا قوش پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. كۆكيارنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ قۇملىششىنى تۈزەش مۇساپىسى تېز ئالغا سىلجىتىلدى، يېڭىدىن كۆپەيتىپ بىنا قىلىنغان ۋە قاشالاپ يېتىشتۈرۈلگەن 4 مىليون مو يەردىكى ئورمانلىق ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ ئارىسىدىن بايلىق ئىزدىشىنى كۆپ خىل يول بىلەن تەمىنلىدى.

2016-يىلى، ئاقسۇ تيانشان شېنمۇ مېۋىچىلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئورمانچىلىق مەيدانى ئاساسىدا تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلدى، كارخانا مېۋىلەرنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. «مۇھىت ھەممىدىن مۇھىم، بىز پۈتۈنلەي بىيوئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىمىز، پۇتاشنىمۇ قاتتىق كونترول قىلىمىز، مېۋىلەرنىڭ بىردەكلىكى كۈچلۈك بولدى، شۇڭا تاۋارلىشىش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى. ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، بىز بازارنى ئەمەس، بەلكى بازار بىزنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى» دېدى شىركەتنىڭ باش مۇدىرى جاڭ يۈك.

### تەبىئىي ئورماننىڭ قىممىتى قانالاندى

سۈنئىي ئورمان ئارقىلىق خەلقنى بېيىتىپ، بايلىقنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، تەبىئىي ئورماننىڭ قىممىتىمۇ تولۇق نامايان بولدى. «تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى تەبىئىي ئورمانلار ئومۇمىيۈزلۈك قوغدىلىپ، مۇزلۇقنى مۇقىملاشتۇرۇش، سۇ مەنبەسىنى ساقلاش،

(ئاخىرى 4-بەتتە)

باش شۇجىغا دوكلات · نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىمىز ②

## ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە غەلىبە قىلىشتا، «دەل» ۋە «ئەمەلىي» بولۇشقا تايىنىش كېرەك

ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ قىلىش كېرەك، ئاچقۇچ —— دەل، ئەمەلىي بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى سۆزدە.

—— شى جىنپىڭ

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ شياڭ، ئۆتكۈر نىجات، سۈن يۈن، لۇ يىخەن

نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان-ۋەزىپىسى تاماملىنىشقا يېقىنلاشتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈرئىتى مۆلچەردىكىگە ئۇيغۇن. لېكىن قېپقالغانلارنىڭ ھەممىسى نامراتنىڭ نامرىتى، قىيىننىڭ قىيىنى بولۇپ، يېڭىش ئەڭ قىيىن قاتتىق قىيىنچىلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن يېڭى خىرىس نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان-ۋەزىپىسىنى تاماملاشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋەتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بۇ يىل بەش ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى تېخىمۇ مىنۇت-سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، دىققەتنى «دەل» ۋە «ئەمەلىي» بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە بىرىنچى سەپكە قاراش ——

### «دىققەت خاس ئەۋزەل كەسىپلەرگە دەل جايىدا مەركەزلەشتۈرۈلدى»

5-ئايدا ئەتىياز ئاخىرلىشىپ ياز باشلىنىپ ھەممە مەۋجۇدات جانلاندى. پەيزاۋات ناھىيەسى يېڭىمەھەللە يېزىسى ئاياغ يېڭىمەھەللە كەنتىنىڭ ئېتىز باشلىرىدا پەيزاۋات قوغۇنى مايسىلىرى تازا يوپۇرماق چىقىرىپ قۇياش نۇرىنى سۈمۈرۈپ، راسا پەلەك تارتقاندى؛ شىنپېي دەرەخلىرى بۈك-باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، پۇرچاقتەك يۇمران مېۋىلەر يايپېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى. بۇ، ئۈمىدكە تولغان بىر پارچە ئېتىزلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدى باغلانغانىدى.

«نامراتلارنى يۆلەش نىشانى دەل بېكىتىلمىسە، ئەمەلىي ئىشلەنمىسە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىن ئاياغ يېڭىمەھەللە كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1-شۇجى مىرئادىلجان تۇرسۇن مۇنداق تونۇشتۇردى: پەيزاۋات قوغۇنى، شىنپېينى تاللاپ ئۆستۈرۈش تۇپراقنىڭ سۈپىتى، سېتىۋېلىش كاپالىتى، ئەشيا ئوبوروتى-ترانسپورت، ئىككىلەمچى كەسىپ زەنجىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇپ چىقىرىلغان لايىھە.

بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئاياغ يېڭىمەھەللە كەنتىدە نامراتلىقنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 2014-يىلدىكى 32.1%تىن 2019-يىلدىكى 7.7%كە چۈشتى. «بۇ جەرياندا، يېزا ئىگىلىكى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش-ئەلالاشتۇرۇش، دىققەتنى خاس ئەۋزەل كەسىپلەرگە دەل جايىدا مەركەزلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ‹تۇراقلاشتۇرغۇچ›لۇق رول ئوينىدى» دېدى مىرئادىلجان.

«پۇل» كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يانچۇقىغا كىرسە، ئاندىن تۇرمۇشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەلەيدۇ. بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىش تاماملىنىدىغان يىل، ئاياغ يېڭىمەھەللە كەنتى خاس باغ-ئورمانچىلىقتا مەھسۇلات، تەمىنلەش، سېتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ بەرپا قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلدى. «بىز ‹دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى+ باشلامچى كارخانا› ئەندىزىسى ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىپ، سېتىپ، ئىنچىكە پىششىقلاپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق ھەم سېتىۋالغۇچى سودىگەرلەرگە ھاۋالە قىلىپ بازارغا تىرەك بولۇپ سېتىۋېلىپ ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، نامرات ئائىلىلەر،

(ئاخىرى 4-بەتتە)

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ

## شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ جيۈن، **رېن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5-ئاينىڭ 19-كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-يىغىنىغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

«بۇ يىلقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا دائىر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىدۇ، ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئۆزگىچە تارىخىي بۇرچ يۈكلەنگەن بولۇپ، ئالاھىدە دەۋر ئەھمىيىتىگە ئىگە.» ئەزا گۈلپەرى ئابدۇللا مۇنداق دېدى: «مەن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مائارىپ ئىشلىرىدىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ياخشى ئادا قىلىپ، يىغىننى ياخشى ئاچىمىز».

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەزا جياڭ پېڭئەن 5-ئاينىڭ 17-كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ بېرىپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13-نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10-قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشتى. «مەن بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەتىجە-ئۈنۈمىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنىڭ يېزا-كەنتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ماس ئالغا سىلجىتىشقا دائىر تەكلىپنى، ھەمدە شىنجاڭدىن چىقىدىغان سوغۇق ساقلاش زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئېلىپ كەلدىم» دېدى ئەزا جياڭ پېڭئەن.

(ئاخىرى 4-بەتتە)